# ئومۇمىي مۇقەددىمە

ئاللاھ تائالا تەرەپكە يۈزلىنىدىغان يول بىرلا بولۇپ، ئۇ بارلىق پەيغەمبەرلەر بىلەن ئەۋەتكىنىگە ئوخشاش پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەۋەتكەن ئىسلام دىنىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەللىكلىرىنىڭ بىرى ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن بارلىق ساماۋىي دىنلارنى (ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى سۈپىتىدە كەلگەن. ئۇ يەنە بارلىق مۇسۇلمانلارغا شۇ دىنلار ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى، كىتابلىرى قاتارلىقلارنى ئۆزگىرىپ كەتكەن شەكلى بويىچە ئەمەس، ئەسلى نازىل بولغان ھالىتى بويىچە ئېتىراپ قىلىشنى ۋاجىب قىلىشتىن باشقا، ئۇ شۇ ساماۋىي دىنلارنىڭ خاتىمىسى بولۇپ كەلگەن. ئىماننىڭ ئاساسلىرى: ئاللاھ تائالاغا، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە ۋە ياخشىلىق، يامانلىقنىڭ تەقدىر بويىچە بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ شەكىلدە، بۇرۇنقى كىتاب ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئومۇمىي جەھەتتىن ئىماننىڭ، خۇسۇسىي جەھەتتىن ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ياخشىلىقنىڭ ئۆلچىمى ۋە نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان پىرقىنى تونۇشنىڭ ئاساسى بولغان ئىسلام ۋە ئېھساننىڭ ئاساسلىرىدىن سىرت، ئىماننىڭ بۇ ئاساسلىرى ئىسلامدىن خاتالىقلار يىراق بولغان ۋە بىدئەت پەيدا بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ؛ چۈنكى ئىسلام پىرقە بىدئەتچىلىرى ۋە يولدىن ئاغقانلارنى قوبۇل قىلمايدىغان تەۋھىد ئەقىدىسى دىنىدۇر.

بۇلارنىڭ ئەكسىچە، ئىسلام دىنىغا نەپرەت بىلەن باقىدىغان خرىستىئانلار، ئىسلامغا، ئىسلامنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشتىن ئىلگىرىكى دىنىنى، ئۆزگەرتىلىشتىن ئىلگىرىكى كىتابلىرىنى ۋە پەيغەمبەرلىرىنى ئېتىراپ قىلغىنىدەك ئېتىراپ قىلىش، ھەتتا ئۆزىنىڭ پرىنسىپلىرى ئاساسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان بىر ھەقىقىي ئەقىدە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا قارشى، ئاساس ۋە پرىنسىپلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان، كىتاۋى ۋە پەيغەمبىرىنى دۈشمەن كۆرىدىغان پوزىتسىيىدە بولدى. بۇ ئەھۋاللارنى شەرقشۇناسلارنىڭ تەتقىقات ۋە ئەسەرلىرىدە روشەن ھالدا ئۇچرىتىش مۇمكىن. نەپرەتلىنىشنىڭ سەۋەبى ئەسلىدە ئۇچرىشىشنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەت، پەيغەمبەرلەرنى لايىقىدا تونۇش ۋە ئاللاھنىڭ دىنىدا ھەقىقەتتىن باشقىنى ئوتتۇرىغا قويماسلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ھەقىقەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ ئاللاھ بىردۇر، ھەممە ئۇنىڭغا مۇھتاجدۇر، ئۇ بالا تاپقانمۇ، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس،

ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ. ھەر قانداق ئاقىل كىشى بۇ سۆزدىن پەقەت شەرئىي دەلىللىنىڭ ماھىيىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئەقلىنى ئىشلىتىشكە چاقىرىشتىن باشقا نەرسىنى ئۇچراتالمايدۇ. بۇ نوقتىنى قۇرئان كەرىم ئەھلى كىتابقا قىلغان خىتابىدا ئەڭ پاساھەتلىك ئىپادىلەپ بەرگەن بولۇپ، بۇ يەردە خرىستىئانلارنى كۆزدە تۇتۇلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى ناسارالار جامائەسى) دىنىڭلاردا ھەددىدىن ئاشماڭلار، الله نىڭ شەنىگە ھەق (سۆز) دىن باشقىنى ئېيتماڭلار (يەنى الله غا شېرىكى ۋە بالىسى بولۇشتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىڭلار). مەسىھ ئىسا ـ مەريەمنىڭ ئوغلى، پەقەت الله نىڭ رەسۇلىدۇر (سىلەر گۇمان قىلغاندەك الله نىڭ ئوغلى ئەمەستۇر)، مەريەمگە الله نىڭ ئىلقا قىلغان كەلىمىسىدۇر (يەنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز، الله نىڭ « ۋۇجۇدقا كەل » دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر)، الله تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر، الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، (الله ئىسا، مەريەمدىن ئىبارەت) ئۈچتۇر دېمەڭلار، (خۇدا ئۈچ دېيىدىغان ئېتىقادتىن) قايتىڭلار، (بۇ) سىلەرگە پايدىلىقتۇر، الله پەقەت بىر ئىلاھتۇر، بالىسى بولۇشتىن الله پاكتۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭ دۇر (يەنى الله نىڭ مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر) الله يېتەرلىك ھامىيدۇر»

بۇلارغا نىسبەتەن خرىستىئانلار قانداق جاۋاب قايتۇردى؟ ئۈچ بىر گەۋدە ئىدىيىسىدە چىڭ تۇردى، ئىسا ئىبن مەريەمنى نامۇۋاپىق شەكىلدە مۇبالىغىلەشتۇردى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى لايىق بولمىغان سۈپەتلەر سۈپەتلىدى. شۇنداق، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ كىتاۋىغا ئىمان كەلتۈرۈشىنىڭ روبىروسىدا خرىستىئانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ كىتاۋىنى ئىنكار قىلىشى ئوتتۇرىغا چىقتى.

خرىستىئانلار دىنىنىڭ ئاساسى، ئېيسانىڭ تەبىئىتى ۋە ئاللاھ بىرمۇ ياكى ئۈچمۇ؟ مەسىلىسىدە خرىستىئانلار ئورتودوكس، كاتولىك ۋە پروتېستانتتىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسلىق مەزھەبكە بۆلۈنۈپ كەتتى. ھەر بىر مەزھەبنىڭ ئىچىدىن ئوخشىمىغان پىرقىلەر مەيدانغا كەلدى، بۇ پىرقىلەر ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنىڭ دەرىجىلىرىگە قاراپ ئېغىر دەرىجىدە كۆپىيىپ كەتتى. شۈبھىسىزكى، پىرقىلەرنىڭ بۇ دەرىجىدە كۆپىيىپ كېتىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىرمىزىي تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئىدى. ئۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنىڭ يەتمىش بىر پىرقىگە، خرىستىئانلارنىڭ يەتمىش ئىككى پىرقىگە ئايرىلغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاخىرىدا «مېنىڭ ئۈممىتىم يەتمىش ئۈچ پىرقىگە بۆلىنىدىغان بولۇپ، جامائەتتىن ئىبارەت بىرسىدىن باشقا ھەممىسى جەھەننەمگە كىرىدۇ» دەپ كەلگەن.

ئىشارە قىلىپ ئۆتۈپ كېتىشكە ئەرزىيدىغان بىر نوقتا شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىر قىسىم شەرقشۇناسلىقتا دائىر تەتقىقاتلارنىڭ بۇ ھەدىسنىڭ مەتنىدىن (تىكىستىدىن) شەكىللىنىپ، تىرمىزىي (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ بۇ ھەدىسنى چۈشىنىشتە خاتالاشقانلىقىنى، كۆزدە تۇتۇلغىنىنىڭ «ئىمان يەتمىش نەچچە تارماقتۇر» دېگەن ھەدىس ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ... شەرقشۇناسلىق ئەقلىنىڭ بۇنىڭغا ئوخشىغان پىكىرلەرنى قوبۇل قىلالىشى ھەقىقەتەنمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش.

ئىسلامدىكى ۋە ئۆزگىرىپ كېتىشتىن ئىلگىرىكى باشقا بارلىق دىنلارنىڭ ماھىيىتىدىكى تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ خەلقئارا سەۋىيىدىكى نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئۆزلىرىگە جەلب قىلىشقا باشلىغانلىقى قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت. بىر قىسىم مەخسۇس تەۋرات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەسەرلەر خرىستىئان دىنىغا يەتكەن ئۆزگىرىشلەرگە ئىشارە قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاراشلىرى ئىسلام تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلارغا يېقىنلىشىدۇ. ھەتتا بىر قىسىم تەتقىقاتلار ئۈچ بىر گەۋدە ئېتىقادىنىڭ خرىستىئان دىنىغا مەنسۇپ ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ يۇنان پەلسەپىسىدىن كىلىپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بۇ نوقتىنى لىيۇن جوتىھ ئۆزىنىڭ 1923-يىلى پارىژدا بېسىلغان "ئىسلام پەلسەپىسى تەتقىقاتىغا كىرىش" ناملىق ئەسىرىدە تەكىتلىگەن. بۇ كىتاب ھېلىھەم خرىستىيان دىنىنىڭ ھېچقاچان ئۈچ بىر گەۋدە ئىدىيىسىنى ياقلايدىغان دىن ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئەفلاتون پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان نىيقىيا ئاكادىمىيەسى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى تەكىتلەيدىغان ئىنساپلىق ئانالىزچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە. نىيقىيا ئاكادىمىيەسى مۇنداق دەيدۇ: "ئەلچىلىك چىركاۋىي ئاللاھنىڭ ئوغلى مەۋجۇت بولمىغان زاماننىڭ بارلىقىنى ياكى ئۇنىڭ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ۋەياكى ئۇنىڭ يوق يەردىن ئاپىرىدە بولغانلىقىنى ياكى ئۇنىڭ يارىتىلغانلىقىنى، ئۆزگىرىش ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن بارلىق كىشىلەرنى مەھرۇم قىلىدۇ."

بىز، خرىستىئان دىنىنىڭ ئۆز ھەقىقەتلىرىنى ئۆزىنىڭ تۇنىتىشى ۋە كىتابلىرىنىڭ ئىسلامنىڭ قاراشلىرىغا يېقىنلاشقان، چىنلىقىنى ياقلايدىغان تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشىغا قاراپ، بۇ ئۈمىدنىڭ يىراق ئەمەسلىكىگە ئىشىنىمىز؛ چۈنكى ھازىرقى زامان تەتقىقاتى خرىستىئان دىنى تەرەپكە يۈزلىنىۋاتىدۇ.

بۇ مەسىلىلەر بىزنىڭ، مۇسۇلمان ئوقۇرمەنلەرگە خرىستىئان دىنىنىڭ كىتاۋىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن كېيىنكى ھەقىقىتى، ئاساسلىق ئىدىيىلىرى ۋە ئۇ ئارقىلىق خرىستىئانلارنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قىلىۋاتقان دۈشمەنلىكلىرى ھەققىدە

مەلۇمات بېرىش زورلايدۇ. بۇلاردىن كېيىن بىز، خرىستىئان دىنىنىڭ ئورتودوكس، كاتولىك ۋە پروتېستانتتىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي مەزھەبكە يۆتكىلىمىز.

بۇ نوقتىلار يەنە مۇسۇلمان ياشلارغا خرىستىئان دىنىنىڭ ئېتىكىدە مەيدانغا كەلگەن ياكى ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئىسلامغا قارشى پىرقىلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىشىمىزنىمۇ تەقەززا قىلىدۇ. بۇ پىرقىلەرنىڭ تۆۋەندىكىلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز:

- مىسسىئونىرلىق ھەرىكىتى: بۇ ھەرىكەت ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئارىسىدا، خۇسۇسەن ئىسلامنى يوقىتىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا خرىستىئان دىنىنى تارقىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

- ئەبۇس دېيىيى: ئىنجىل تەلىماتلىرىنىڭ يۇقىرىغا ئورۇنغا ئۆتكۈزۈش، ئارقىدىن خرىستىئان دىنىنى باشقا بارلىق دىنلارنىڭ ھېسابىغا يۇقىرى ئورۇنغا كۆتىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان يۇرۇش تەشكىلات.

- مارۇنلۇق ھەرىكىتى: شەرق كاتولىكلىرى مەزھەبىگە مەنسۇپ خرىستىئان تائىپىسى بولۇپ، مەسىھنىڭ ئىككى خىل تەبىئەت، بىر خىل ئىرادىسى بار، دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇلار روما پاپاسىغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقلىرىنى ئېلان قىلغان ۋە ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىسلامغا قارشى ئەھلى سەلىپ بىلەن ھەمكارلاشقان.

- مونىزم ھەرىكىتى: بارلىق دىنلارنى بىر يېڭى دىن رامكىسى ئىچىدە بىرلەشتۈرۈشكە چاقىرىدىغان شەكىللىك ھەرىكەت.

- يەھوۋا شەھىدلىرى: ئۆزلىرىنىڭ خرىستىئان ئىكەنلىكلىرىنى داۋا قىلىدىغان، ئەمما يەھۇدىيلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يۇشۇرۇن تەشكىلات بولۇپ، ئىسلامغا قارشى مىسسىئونىرلىق تەشكىلاتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىدۇ.

- شەرقشۇناسلىق ئېقىمى: كۆپىنچە ھاللاردا تار خرىستىئانچىلىق قارىشى ئاساسىدا شەرق مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر خىل پىكرىي ئېقىم. تار خرىستىئانچىلىقنى ياقلىغانلىقى ئۈچۈن شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلامنىڭ ھەقىقەتلىرىگە قارشى پوزىتسىيەدە تۇرىدۇ.

- غەربلەشتۈرۈش ئېقىمى: مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىنى غەربچە شەكىلگە كىرگۈزۈش ۋە ئۇلارنىڭ مۇستەقىل سالاھىيىتىنى يوقىتىپ تاشلاشنى مەقسەت قىلىدىغان ئېقىم.

بىر مۇسۇلمان كىشى بۇ پىرقە، تەشكىلات ۋە ئېقىملار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئوقۇپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنى بىلەن ھازىرقى خرىستىئان دىنىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىدە، ئۆزىنىڭ ھەق يولدا، ئاللاھنىڭ يولىدا كىتىۋاتقانلىقىنى، شېرىكى يوق، يەككە- يىگانە

بىر ئاللاھتىن باشقا غايىسى بولمىغان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلىرىنى مۇناسىپ بولمىغان رەۋىشتە كۆپتۈرمەيدىغان نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان بىر مىللەت بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئەنە شۇ چاغدا مۇسۇلمان ياش ئۆزىنىڭ ساغلام، قايتماس ھەقىقەت ئۈستىدە ئىكەنلىكىدىن خۇشاللىنىدۇ.